
سائادەت دەۋرىدىكى باللاردىن

# ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر





# سائادەت دەۋرىدىكى بالىلاردىن

# ئۇنتۇلماس ئەسلىمە

ئاپتورى:ھارۇن قىرقىل

تەرجىمىدە:ئەي بالام بلوگى

www.aybalam.com

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق ھەمدۇ-سانالار مېھرىبان،شەپقەتلىك، تۇغمىغان،تۇغۇلمىغان ،يەككە-يىگانە ئاللاھقا خاستۇر ،ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن ھەم ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن، مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، گۈزەل ئەخلاق ساھىبى، تەقۋادارلارنىڭ سەركىسى، توغرا دىن ۋە ھەق يولغا يېتەكلىگۈچى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە تاۋاباتلىرىغا، باتۇر، ئالىيجاناپ ساھابىلەرگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرگە دۇئا ۋە سالاملار يوللايمەن.

بىزلەرنى مۇسۇلمانلار جۈملىسىدىن قىلغان، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئىسلامىي مۇھىتتا ياشاشقا نېسىپ قىلغان، قەلبىمىزگە ئىمان ئۇرۇقلىرىنى چاچقان كەرەملىك زاتقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن، ئىسلامى مۇھىتتا ياشاش يالغۇز چوڭلارنىڭلا ئەمەس،بەلكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈممەتلىرى، ئىزباسارلىرى بولغان ئوماق پەرزەنتلىرىمىزنىڭمۇ ھەم كۈچلۈك تەقەززاسىدۇر، ئەمما دىيارىمىزدا باللارغا ھەم دىن ئاساسلىرىنى ئۆگىتىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ مەنىۋىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ساغلام ئوقۇشلۇقلارنىڭ كۆپ بولماسلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «پەيغەمبىرىمنى ئۆگىنىمەن»، «دىنىمنى ئۆگىنىمەن»، «ئىبادىتىمنى ئۆگىنىمەن» قاتارلىق بىر يۈرۈش نادىر باللار ئەسەرلىرى مىننەتسىز ئەمگەك ساھىبلىرىنىڭ تەر ئاققۇزۇشى بەدىلىگە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ بۇ ساھەدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى ، ئاللاھ شۇ ئەمگەكلەرنىڭ روياپقا چىقىشىغا كۈچ قوشقان قوشۇۋاتقان بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ھەسسىلەپ ئەجىرلەرنى

بەرسۇن ئامىين،قولۇڭلاردىكى ئۇشبۇ كىتابمۇ ئاللاھنىڭ ئىزنى ، پەرىشتىلەرنىڭ مەددىتى ۋە ھەر قايسىڭلارنىڭ ئىجابەتلىك دۇئالىرى ئارقىسىدا ئازەرىچىدىن تەرجىمە قىلىندى.

سۆيۈملۈك ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قانداقتۇر كارتون فىلىملەردىكى قەھرىمانلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىۋالماستىن، كىچىكىدىن قويۇق ئىسلامي مۇھىتتا چوڭ بولۇپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ توغرا ئىسلامي ئاڭ بىلەن قەلبلىرىنى سۇغۇرغان باتۇر،ھەققانىيەتچى ساھابىلەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە يېتەكچى ۋە تەربىيە ئۈلگىسى قىلىشى ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى، كىشىنى جەلىب قىلىدىغان قىسسەلىرىنى ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

تەرجىمىدە تىل ۋە ئۇقۇم جەھەتتىن خاتا كەتكەن ، چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ياكى زىيادە قىلىپ تاشلىغان جايلىرىم بولسا پېقىر سەۋىيەسى يېتەرسىز، بىلىمى كەمچىل تەرجىمان ئەلغاففار( مەغپىرەت قىلغۇچى،كەچۈرگۈچى) سۈپىتىگە ئېگە بولغان جانابىي ھەق سۇبھانە ۋەتەئالادىن گۇناھىمدىن ئۆتۈشىنى ، ھېچكىم ھېچكىمگە ئەس قاتمايدىغان شۇ ئۇلۇغ كۈندە بۇ گۇناھىم ئۈستىدە سۇئال-سوراققا تارتماسلىقىنى تىلەيمەن ۋە بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمنى نىيىتىمگە يارىشا ئۈزۈلمەس سەدىقە(سەدىقە جارى) قىلىپ بېرىشىنى قەلبلەرنىڭ ئېگىسى بولغان ئاللاھتىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن.

-ئەي بالام بلوگى

www.aybalam.com

# كىرىش سۆز

ئەزىز دوستلار! كۆزلىرى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغان بىر ئىنسانغا بىر گۈلنىڭ رەڭگىنى، چىچەك ئاچقان بىر دەرەخنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەپ بەرمەك قانچىلىك تەس بولسا، قۇلاقلىرى ئاڭلىمايدىغان بىرسىگە خەندان ئۇرۇپ ۋىچىرلاپ سايراۋاتقان، ناۋا ئەيلەۋاتقان قۇشلارنىڭ ئاۋازىدىكى خۇشاللىقنى ھېس قىلدۇرماق قانچىلىك مۇشكۇل بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۇنى كۆرەلمىگەن، ھاياتىنى ئۇنىڭ ھاياتى بىلەن باغلىيالمىغان ئىنسانلارغا ھېس قىلدۇرۇشمۇ بەسي مۇشكۇلدۇر.

دۇنيانىڭ ئەڭ گۈزەل گۈلىنى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشىغان باللار ئارقىلىق تونۇشىنى، ئۇ ھاياتىمىزغا ئېلىپ كەلگەن باھارنىڭ گۈزەل تەرىپلىرىنى، ناۋا ئەيلەشىنى ئۇنىڭدىن ئۆگەنگەن قۇشلاردىن ئاڭلاشنى ئۈمىد قىلدۇق.

بۇ كىتابتا باللىقنى سائادەت دەۋرىدە يەنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋرىدە ئۆتكۈزگەنلەر، پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ۋە ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان گۈزەل ئەسلىملىرىنى بىز بىلەن ئورتاقلىشىدۇ.

ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئالىيجاناپ ئىنسان يوقلىقىنى بىلىپ يېتىپ ھاياتىنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئۆتكۈزگەن بۇ بەختلىك باللار بىزگە بەزى تەۋسىيەلەرنى قىلىشىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن ئۇ باللار بىزگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىششنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەزرىتى ئەنەس بىزگە :«ئۇ دەۋەت قىلغان دىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە خىزمەت قىلىڭلار» دەيدۇ.

ھەزرىتى ئەلى :«نامازغا دىققەت قىلىڭلار!»دېسە،ھەزرىتى ساھىل ۋە سۈھەيل :«نامازنى جامائەت بىلەن بىرگە ئوقۇڭلار!» دەيدۇ. ھەزرىتى ئابدۇللاھ بولسا :«ئۆلىما ۋە ئالىملارنى قەدىرلەڭلار»دەيدۇ،ھەزرىتى بەشىر:«يېتىم ھەققىنى يېمەڭلار» دەيدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى،ئۇلاردىن ئۆگەنگەن ھەقىقەتلەر بىلەن ھاياتىمىز تېخىمۇ گۈزەللەشكۈسى ۋە ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە ئۆتكۈزگەن شۇ ئۆمرىمىزدە ئىنسانلارغا يول كۆرسىتىدىغان مۇنەۋۋەر شەخسلەر قاتارىدىن بولغۇسىمىز.

خىزمەتچىسى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن چۈشلىرىدە كۆرۈشكەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بىزنىڭ چۈشلىرىمىزگىمۇ كىرىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە سىلەرنى سائادەت دەۋرىدىكى باللارنىڭ ئۇنتۇلماس خاتىرىلىرى ئىچىگە قالدۇرىمىز.

ھارۇن قىرقىل

2009-يىلى ئاپرىل



# ھەزرىتى ئەلى

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

## ئاللاھ مېنى ياراتقىنىدا بىرەرسىدىن رۇخسەت ئالغانمۇ؟


سىلەر مېنى ھەزرىتى ئەلى دەپ بىلىسىلەر،مەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىمەن. پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەن تۆت ساھابىنىڭ بىرى بولۇش بىلەن تونۇلدىم، پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلغاندا مۇشرىكلار ئۇنىڭغا توزاق قۇرۇشتى،بىزمۇ بىر پىلان تۈزدۇق.مەن ئاللاھ رەسۇلىنىڭ ئورنىدا يېتىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلارنىڭ سۈيقەستى پەيغەمبىرىمىزگە زىيان يەتكۈزەلمىدى.ئەينى ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشتىم،ھەيبەر شەھرىنىڭ سېپىل دەرۋازىلىرىنى مەن ئاچتىم ،ئەلۋەتتە بۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسى بىلەن بولغانىدى.ئەزىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ باتۇر دوستلىرىدىن بىرسى ئىدىم،ئاللاھنىڭ رەسۇلى مېنى «ئاللاھنىڭ شىرى»دەپ لەقەبلەندۈرگەنىدى.پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك قىزى ھەزرىتى فاتىمە بىلەن ئائىلە ھاياتى قۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۈيئوغلى بولدۇم.بۇلاردىن سىرت مۆئمىنلەرنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى بولدۇم ،بالىلىقىمدىن بېرى پۈتۈن ھاياتىمنى ئىسلام دىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا بەل باغلىدىم.

خالىساڭلار سىلەرگە قانداق مۇسۇلمان بولغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرەي.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى ئىدى ، ئاتام ئەبۇ تالىپنىڭ ئىقتىسادى شارائىتلىرى ياخشى ئەمەس ۋاقىتلار ئىدى ، بىر كۈنى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئابباس تاغاملار بىلەن بىرگە ئاتامنىڭ يېنىغا كېلىپ :

-ئەگەر خالىسىڭىز ئوغلىڭىز جەئفەر قېرىندىشىڭىز ئابباسنىڭ يېنىدا چوڭ بولسۇن،ئەلى مېنىڭ يېنىمدا دېدى.

ئاتام بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى،دېمەك مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ياشاش پۇرسىتىگە ئېگە بولغانىدىم،شۇنداق قىلىپ باللىقىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئۆتتى.



بىر كۈنى ئاللاھ رەسۇلىنىڭ يېنىغا باردىم،ئۇ ھايات يولدىشى،تەقدىرداش كارۋانى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز بىلەن بىرگە مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر يوسۇندا بەزى ھەرىكەتلەرنى قىلىپ ئىبادەت قىلىۋاتقانىكەن،ئۇلار قىلىۋاتقان شۇ ھەرىكەتلەر شۇنداق ياراپ كەتتىكى ،ھەيرانلىق  ھەم زوقمەنلىك ئارىلاش نەزىرىم بىلەن ئۇلارغا تىكىلىپ تۇردۇم.ئۇلار ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن سورىدىم:

-نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟

پەيغەمبىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتتى ۋە ماڭا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈپ :

-كەل سەنمۇ مۇسۇلمان بولغىن دېدى ۋە يەككە ـ يېگانە بولغان ئاللاھقا ئىشىنىپ،ئىنسانغا ھېچبىر پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان دەرەختىن ۋە تاشتىن ياسالغان جانسىز بۇتلاردىن

ئۇزاقلاششىمنى ئېيتتى،مەن بەكمۇ ھەيران بولدۇم ھەم ئىككىلەندىم،شۇ ھامانلا تەكلىپنى قوبۇل قىلالماي:

-ئاتامدىن سوراپ باقاي دېدىم.

ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى يېڭىدىن بېرىلگەندى،ئىسلام دىنىنى پەقەت ئۆزى ئەڭ ئىشەنگەن كىشىلەرگىلا تەبلىغ قىلاتتى،يەنى دەۋەت خىزمىتىنى يوشۇرۇنچە ئېلىپ بېرىۋاتقانىدى.

ماڭا:«ساڭا ئېيتقان تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىساڭ ،ئۆزۈڭ بىلىپ قال،بۇ ئارىمىزدا سىر بولۇپ قېلىشى كېرەك ،دىققەت قىل ئەلى، بۇ دېگەنلىرىمنى ھېچكىم بىلمەسلىكى كېرەك » دېدى.

مەنمۇ ئۇلارغا ۋەدە بېرىپ يانلىرىدىن ئايرىلدىم ،ئۆيگە قايتقاچ ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ماڭا دېگەنلىرىنى ئويلىدىم،تۇيۇقسىز كاللامغا شۇنداق بىر ئويلار كەلدى:

-مېنى كىم ياراتقان؟

-ئەلۋەتتە ئاللاھ !

-خوش ئۇنداقتا ، ئاللاھ مېنى ياراتقاندا ئاتام ئەبۇ تالىپتىن رۇخسەت ئالغانمۇ؟

-ئەلۋەتتە،ياق! ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندا بىرەرسىدىن رۇخسەت ئېلىشى مۇمكىنمۇ؟

-ئۇنداقتا مەن نېمىدەپ ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ئۈچۈن ئاتامدىن مەسلىھەت سورايمەن؟

ئېنىقكى،ئاتام ماڭا ئىجازەت بەرمەيدۇ،ئاللاھقا :«ئى ئاللاھىم مېنى كەچۈرگىن،ئاتام سىزگە ئىمان ئېيتىشىمغا رۇخسەت قىلمايدۇ»دەيمەن.

ئارقامغا قايتىپ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇيلىغانلىرىمنى ۋە ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە بارلىقىغا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.



پەيغەمبىرىمىز شۇنداق سۆيۈندى،ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى خۇشاللىقىنى تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ،مېنىمۇ بەك ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن دەپ ماختاپ خۇش قىلىۋەتتى، مېنىڭ شۇ چاغدا قانچە ياش ئىكەنلىكىمنى پەرەز قىلالامسىلەر؟ مەن شۇ چاغدا ئون ياشتا ئىدىم،شۇ كۈنى مەن «ئىسلامغا كىرگەن تۇنجى بالا» بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتىم.

## ئەزىز دوستلار!

مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا پەيغەمبىرىمىز بىلەن خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئوقۇغان نامىزى سەۋەپ بولغانىدى ،شۇڭا سىلەرگە شۇنى تەۋسىيە قىلىمەنكى نامىزىڭلارغا ئەھمىيەت بېرىڭلار،نامازنى ئەپلەپ-سەپلەپ ئوقۇپ ساختىلىق قىلماڭلار،ھاياتىڭلاردا ھېچبىر ئىش نامازدىنمۇ بەكرەك مۇھىم ئەمەس ،ئاتا-ئاناڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار،ئەمما شۇنى

ئەستىن چىقارماڭلاركى  ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلىش ھەركىمدىن ھەر ئىشتىن ئۈستىن تۇرىدۇ.



# ھەزرىتى ئۇسامە

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

# ※ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىچىك خىزمەتچىسى ※

ئەزىز دوستلار!مەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «رەسۇلۇللاھ ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئىنسان» دېگەن مەنىدىكى «حبيب النبي » دېگەن لەقەب بىلەن تونۇلدۇم،ئاتام زەئىد بىن ھارىسنى بىلىسىلەر،ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستى ئىدى، ئاتامنى دائىم ھوزۇرىغا چاقىرتىپ تۇرغىنىدەك مېنىمۇ دائىملا چاقىرتاتتى .ھەتتا بىر كۈنى جامائەتكە شۇنداق دېدى:

-شۈبھىسىزكى زەئىدنىڭ ئوغلى ئۇسامە مېنىڭ نەزىرىمدە كىشلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملىكىدۇر،ئۇنىڭ ئاراڭلاردا بىر ياخشى ئىنسان بولالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن،سىلەرمۇ ئۇ توغرىسىدا ياخشى پىكىرلەردە بولغايسىلەر.

بىر كۈنى مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدە ئىدىم،سىرتقا چىقماقچى بولۇپ بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئېلىشىمغا ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشتۈم،ئۈستى بېشىم مەينەت بولۇپ،يۈزلىرىممۇسۈرۈلۈپ كەتتى،مەن چىدىماي يىغلاشقا باشلىدىم،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ھالىمغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ۋە مۆھتەرەم خانىمى ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا:

-ئۇسامانىڭ يۈزلىرى يارىلاندى،ئۇنى تازىلاپ قويۇڭ ئەي ئائىشە! ـ دېدى .

ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز مەن بىلەن مەشغۇل بولۇشقا سەل كېچىكىپ قېلىۋىدى،پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئۈستى-بېشىمنى ۋە يارامنى تازىلىدى،پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزى ئالاھىدە مەن بىلەن مەلەك بولىشى ئاغرىق ئازابىمنى يوق قىلىۋەتتى،كۆزلىرىمدىن مارجاندەك تۆكۈلىۋاتقان ياشلىرىممۇ توختاپ ،كۆزلىرىم خۇشاللىقتىن پارلايتتى.

بىز پەيغەمبىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتۇق.ئۇ قەيەرگە بارسا بىللە بارغىمىز كېلەتتى،ھەتتا ئۇ ئۇرۇشقا بارسىمۇ كەينىدىن بېرىپ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغىمىز كېلەتتى. ھەتتا بىر قېتىم قۇرداش دوستلىرىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، زەئىد ئىبنى سابىت،بەررا ئىبنى ئەئزىبلار بىلەن بىرگە ئوھۇد جېڭىغا قاتنىششنى تەلەپ قىلدۇق.

ئۇ ۋاقىتتا تېخى 15 ياشقا توشمىغانىدۇق.



ئاللاھنىڭ رەسۇلى تەكلىپىمىزدىن بەكمۇ خۇش بولدى،ئەمما ياشلىرىمىزنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بىزنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششىمىزغا ئىجازەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن نائىلاج مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق،ئەمما پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە بولالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن كۆڭلىمىز شۇنچىلىك يېرىم بولدىكى بۇ پەرىشانلىقنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن .شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ كىچىك بالا بولۇپ قالغىنىمغا شۇنچىلىك ئاچچىغىم كەلدى،بىردىنلا چوڭ بولۇپ كۈچلۈك بىر يىگىتكە ئايلانغۇم كېلىپ كەتتى،ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ئاللاھ رەسۇلى بىزنىڭ خەندەك ئۇرۇشىغا قاتنىششىمىزغا رۇخسەت قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بالىلارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ، پۇرسەت بولسىلا ئۇلار بىلەن بىرگە ئوينايتتى،بىزنى كىچىك بالا قاتارىدا ئەمەس دوست قاتارىدا ياخشى كۆرەتتى بىز بىلەن بىرگە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئوينايتتى،بىر كۈنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر تىزنغا مېنى يەنە بىر تېزىغا ئامراق نەۋرىسى ھەزرىتى ھەسەننى ئولتۇرغۇزۇپ ،مېھىر-مۇھەببەت ۋە جاسارەت پارلاپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن بىزگە قارىدى ، رەتلىك ۋە خۇشبۇي چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ بىزنى باغرىغا باستى ۋە :« ئەي رەببىم بۇلارغا رەھىم ـ شەپقەت قىلىڭ ،چۈنكى مەن ئۇلارغا مېھرىباندۇرمەن» دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ ئىللىق قۇچىقىنى ،شۇ دەمنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

## ئەزىز دوستلار!

سىلەر پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە غازاتقا چىقمىدىڭلار، ئۇنىڭ گۈزەل چېھرىنى ھەم كۆرەلمىدىڭلار،ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، پەيغەمبىرىمىزنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار،چۈنكى ئۇ ئۈممىتىنىڭ ياخشى ـ يامان ئەمەللىرىنى بىلىدۇ ، ئۇنىڭ يولىنى تۇتۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ ئۇ توسقان يامان ئىشلاردىن قول ئۈزسەڭلار،سىلەرمۇ «حبيب النبي » يەنى پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن ئىنسان بولالايسىلەر.



# ھەزرىتى ئەنەس

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

## ※ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىچىك خىزمەتچىسى ※

مەن مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىنمەن،بەلكى ئانامنىڭ مېنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە ھەدىيە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتسام بەلكىم ئىشەنمەيسىلەر،ئەمما ھەقىقەتەن شۇنداق ،ئاللاھ رەسۇلىغا 10 يىل خىزمەت قىلدىم،ئۇنىڭ ھەم دوستى ھەم بالا خىزمەتكارى بولدۇم،ھاياتىمنىڭ ئەڭ گۈزەل دەملىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكۈزدۇم،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى،ئىش-ئىزلىرىنى يادلىلاپ ،بۇ توغرىسىدا ئەڭ كۆپ مەلۇمات بەرگەن ساھابىلەردىن بىرى بولدۇم،خالىساڭلار،سىلەرگە پەيغەمبىرىمىز بىلەن قانداق تونۇشقىنىمىزنى سۆزلەپ بېرەي.

بىز پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش پۇرستىگە ئېگە بولدۇق،مەدىنىگە كېلىشىنى ھاياجان ئىلكىدە تۆت كۆز بىلەن كۈتكەندۇق ،بۇ ھاياجاننى سىلەرگە ئىزاھلاپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن ،سەبىرسىزلىك بىلەن تۇرغاندا بىرسى «قاراڭلار،ئۇ كېلىۋاتىدۇ ،دۇنيالار گۈزىلى ،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كېلىۋاتىدۇ» دەپ توۋلىدى،ھەممەيلەن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ يولغا يۈگۈرۈشتى، پەيغەمبىرىمىزنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن مىڭبىر جىددىيچىلىك،مىڭبىر ھاياجان بىلەن كىشلەر ئۆيلىرىدىن ،دۈككانلىرىدىن مەدىنە كوچىلىرىغا قاراپ سەلدەك ئېقىشتى .

كىشلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ئۇ سۆيۈملۈك زاتنىڭ شەھرىمىزگە كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ شېئىرلار ئوقۇشتى ،مەدىنىنىڭ ئۇ كۈندىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەشكە سۆز كۇپايە قىلمايدۇ.كىشلەرنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىقنى ،«مۇھەممەد كەلدى ، مۇھەممەد پەيغەمبەر كەلدى » دەپ توۋلاۋاتقان دوستلارنىڭ ھاياجىنىنى ،كۆزلەردىن ئېقىۋاتقان خۇشاللىق ياشلىرىنى ،تۈيۈقسىزلا نۇرغا غەرق بولغان مەدىنە شەھرىنى قانداقمۇ تەرىپلىيەلەيمەن؟



ئۇ گۈزەل ئىنسان مەدىنىگە كەلگەندىن باشلاپ ،مەدىنىلىكلەر ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش شەرىپىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر-بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە باشلىدى.

بەزىلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى،بەزىلەر بىر-بىرىدىن قىممەت سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشىپ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈسىنى بىلدۈرۈشتى. ئەزىز ئانام بولسا ئۇ سۆيۈملۈك زاتقا تەقدىم قىلغۇدەك پۈتكۈل قىممەتلىك نەرسىلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ باقتى ئەمما ئۇ نەرسىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەيغەمبىرىگە لايىق كۆرمەي ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇرغانىدى ، بىر چاغدا ئانامنىڭ كۆزى توساتتىن ماڭا چۈشتى،ئەقلىگە بىر ئىش كەلگەن بولسا كېرەك ، كۈلۈمسىرىگىنىچە قولۇمدىن يېتىلەپ :«قېنى يۈر ئوغلۇم» دېدى ،«نەگە بارىمىز ئانا» دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم،ئۆزۈمنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىدا كۆردۈم،ئانام : «ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى،سىزگە تەقدىم قىلغۇدەك مۇۋاپىق بىر نەرسە تاپالمىدىم،پۈتۈن دۇنيايىمنى تەقدىم قىلساممۇ ئازلىق قىلىدۇ،بۇ يالغۇز ئوغلۇم مېنىڭ بارلىقىمدۇر،بەكمۇ ئەقىللىق، ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز،سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلسا »- دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جايىمدا تۇرۇپلا قالدىم،ئانامنىڭ بۇنداق تەكلىپ قويۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم،ھەيرانلىقىم بىردەمدىلا ھاياجانغا ئايلاندى،«ئەگەر پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلمىسىچۇ؟» دەپ قورقۇشقا،ئەندىشە قىلىشقا باشلىدىم،پەيغەمبىرىمىزنى بىر كۆرۈپلا بەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

«بۇنداق كىچىك بىر بالا مەن ئۇلۇغ نىمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدۇ»دەپ رەت قىلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدىم،لىكىن پەيغەمبىرىمىز ھېچبىر ئىنساننىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەيتى، ئازار بەرمەيتتى،ئانامنىڭ سەمىمىيەت بىلەن ھەدىيە قىلغان يالغۇز ئوغلىنى قوبۇل قىلدى،شۇ كۈندىن باشلاپ ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز قەيەرگە بارسا مەن خىزمەتچىسى بولۇپ يېنىدىن ئايرىلمىدىم.

بۇيرىغان ئىشلارنى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنداشقا تىرىشتىم.بەزىدە بىلىپ-بىلمەي سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قالغان ۋاقىتلىرىمۇ بولدى ،ئەمما كۆزۈمنىڭ نۇرى،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مېنى قىلچىمۇ ئەيىپلىمىدى،ئۇنىڭغا خىزمەت قىلغان 10 يىل جەريانىدا ماڭا بىر قېتىممۇ كايىپ باقمىدى،مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭدەك گۈزەل ئەخلاق ساھىبىنى كۆرۈپ باقمىدىم .

كىچىك باللار بىلەن دوست بولاتتى،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىز بىلەن ئەڭ كۆپ مەشغۇل بولغان ئىنسان ئىدى ،مېنى ھېچقاچان كىچىك بالا ئورنىدا كۆرمىدى،چوڭلارغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلىدە بولدى.

بەزىدە ئارىمىزدا سىر بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنىمۇ ماڭا ئىشىنىپ ئېيتىپ بىرەتتى .بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز مېنى يىراق بىر يەرگە ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتكەنىدى ،مەن قايتقۇچە ئۆيگە كەچ قالدىم، ئانام نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ قالغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.



مەن :«پەيغەمبىرىمىز بىر يەرگە ئەۋەتكەندى » دەپ جاۋاپ بەردىم.ئانام يەنە :«قەيەرگە ئەۋەتتى؟» دەپ سورىۋىدى ،بۇنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن مېنىڭ ئارامىدىكى سىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.ئانام بۇ گېپىمدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ :«ئاپىرىن بالام ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىرىنى ھەرۋاقىت ساقلىغىن،ھېچكىمگە ئېيتمىغىن» دېدى.

مېنىڭ ھايات ھېكايەمنى ئاڭلاپ پەيغەمبىرىمىزگە مەندەك يېقىن بولۇشنى ھەممە بالىلار ئارزۇ قىلىۋاتقاندۇ ،ئەمما سىلەر،پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا بىزنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمىزنى ھېس قىلالمايسىلەر، ئۇنىڭ بارلىقىغا كۆنۈپ قالغانلارنىڭ ئۇنىڭسىز ياشىمىقىنىڭ قانچىلىك تەس ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر،پەيغەمبىرىمىزدىن ئايرىلغان كۈنلەردە ماڭا بىردىنبىر تەسەللى بولىدىغىنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەن چۈشلىرىمدۇر،پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنى چۈشىمگەن كېچىلىرىم بولمىدى.ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنى ھەر كۈنى چۈشۈمدە كۆردۈم،ئىنشائاللاھ،قىيامەت كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەندە ئۇنىڭغا :«ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىم ،سىزنىڭ كىچىك خىزمەتچىڭىز ئەنەس كەلدى» دەيمەن.

## ئەزىز دوستلار!

مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىچىك خىزمەتچىسى ئىدىم،پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ، ۋاپاتىدىن كېيىن بولسا ئۇ ئىمان ئېيتقان دىنغا ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە خىزمەت قىلدىم.پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن كۆرگەن چۈشلىرىم مېنىڭ ھايات بولۇشقا ئايلىنىپ قالدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كەلگەن دىنىغا خىزمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئۈممەتلىرىگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش بەدىلىگە سىلەرمۇ ھەم «پەيغەمبەرنىڭ كىچىك خىزمەتچىسى » بولالايسىلەر،بەلكى سىلەرمۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى چۈشۈڭلاردا كۆرۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولالايسىلەر.

ئېسمىدىن قاچماستا شۇنى سەمىيمي ھالدا ئېيتىپ قوياي: ياخشى بىر سىرداش بولۇڭلار،سىلەرگە ئېيتىلغان سىرنى باشقىلارغا ئېيتماڭلار،ئەنە شۇندىلا دوست-بۇرادەرلىرىڭلار سىلەرگە ئېتىبار ۋە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ.



# ھەزرىتى ساھل ۋە سۇھەيل

ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن

كىچىك قەھرىمانلار

ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار،سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىنى ئەنەس ئىبنى مالىك سىلەرگە سۆزلەپ بەرگەنىدى،مېنىڭ ئىسمىم ساھىل ،ئېنىم سۇھەيل بىلەن بىرلىكتە سىلەرگە ئەستىن چىقماس گۈزەل بىر ئەسلىمىمىزنى سۆزلەپ بەرمەكچىمەن .

ھىجرەت تىلغا ئېلىنسا ئېسىڭلارغا ئەنەس ئىبنى مالىك كېلىدىغاندۇ ھە ؟ ئۇ مۇبارەك ۋاقىتتا يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش ،مەسجىدى نەبەۋىينىڭ بىنا قىلىنىشىدۇر،بىز يەنى مەدىنىدىكى ئىككى يېتىم قېرىنداش دەل مۇشۇ ئىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ يادىغا كېلىپ ،مۇشۇ ئىش بىلەن تونۇلدۇق .

پەيغەمبىرىمىز كەلگەن شۇ مۇبارەك كۈنى ، پۈتۈن مەدىنە خەلقى ئۇنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە چاقىرىۋالماقچى ،مېھمان قىلىپ قوندۇرىۋالماقچى بولۇشتى ،لېكىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىرسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، باشقىلىرىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويۇشنى خالىمىدى.

ھېچكىمنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلماستىن ئۆزى تۇرىدىغان ئۆينى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر چارە ئويلاپ تاپتى ، تۆگىنى ئۆز مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ،قەيەردە چۆكسە شۇيەرگە ئۆي سالىدىغان ، ۋە ئۆي پۈتكىچە شۇ يەرگە يېقىن بىرەر مۇسۇلماننىڭ ئۆيىدە قونىدىغان بولدى.

تۆگە ئاستا-ئاستا مېڭىشقا باشلىدى ، ھەممەيلەن ھاياجاندىن تىترىشەتتى ،"تۆگە قەيەردە چۆكەر،بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ يېنىدا توختىسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى " دېيىشىپ،ئىچىدە سەمىيمىيلىك بىلەن دۇئا قىلاتتى .

بۇ نېمىدىگەن زور بەخت! مۇبارەك تۆگىنىڭ بىزنىڭ ئالدىمىزدا توختىغىنىغا ئىشىنەلمىدۇق، ھاياجاندىن ھۇشىمىزنى يوقاتقىلى تاس قالدۇق .پەقەتلا قولىمىزنى ئېچىپ :"ئەي رەببىم ،سىزگە چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇن ! " دېيەلىدۇق .



توساتتىن تۆگە ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە مېڭىشقا باشلىدى، بېشىمىزدىن ئۆتۈپ چىقىپ كەتتى ،ئىھ قەدىرلىك تۆگە، ساڭا نېمە بولدى، بىزنىڭ يېنىمىزدا قالساڭچۇ دەپ ئىچىمىزدە ۋايىم يېيىشكە باشلىدۇق. ئاخىرىنى سىلەرمۇ بىلىسىلەر ، تۆگە ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇپ ئەل ئەنسارىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى سايىغا چۆكتى، پەيغەمبىرىمىزمۇ ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇپنىڭ ئۆيىدە قونىدىغان بولدى، بىز بۇ ئىلتىپاتقا مۇيەسسەر بولالمىدۇق .

پەيغەمبىرىمىز بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان بىر قارار چىقىرىپ ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارغا :


-مەن ئۆچۈن سېلىنىدىغان ئۆيدىن ئاۋال، تۆگە دەسلەپ چۆككەن يەرگە بىر مەسچىت سالايلى - دېدى. پەيغەمبىرىمىزنى ئۆيىمىزدە قوندۇرالماسلىق بىزنى قانچىلىك پەرىشان

قىلغان بولسا ،پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ كېيىنكى بۇ قارارى بىزنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتتى.

پەيغەمبىرىمىز مەسچىت سېلىشقا بۇيرىغان ئۇ جاينىڭ بىزگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن ، يەرنىڭ ھەققى ئۈچۈن بىزگە پۇل بەرمەكچى بولدى،بۇ پىكىر كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلدى ،بىز قەتئىي ھالدا :" ئەي رەسۇلۇللاھ، مەسچىت ئۈچۈن بىز ئۇ يەرنى خۇشاللىق بىلەن بېرىشكە رازىمىز " دېدۇق. ئەمما پەيغەمبىرىمىز بىزنىڭ يېتىم ئىكەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ ،تەكلىپىمىزگە قوشۇلمىدى، قانچىلىك يالۋۇرساقمۇ ،كەلگۈسىدە ئىشلىتىشىمىز ئۈچۈن يەرنىڭ ھەققىگە ھېسابلاپ پۇل بەردى.

پەيغەمبەر مەسچىتىنىڭ بىزنىڭ يېرىمىزدە بەرپا قىلىنىشى بىز ئۈچۈن بۈيۈك بىر شەرەپ ئىدى. بىزگە بۇ شەرەپنى نائىل قىلغان رەببىمىزگە قانچىلىك ھەمدۇ-سانا ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ .

ئەزىز دوستلار! مەسجىدى نەبەۋىنىڭ سېلىنىشى ئۈچۈن يېرىمىزنىڭ ئېلىنغىنىغا رەببىمىزگە قانچىلىك رەھمەت ئېيتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىشلارغا سەۋەپ بولماقتىنمۇ ياخشى ئىش بولماس، قېرىنداشلىرىم سىلەرمۇ خەيرلىك ئىشلاردىن مەھرۇم قالماڭلار، خەيرلىك ئىشلارغا دەستەك بولۇڭلار، قولۇڭلاردىن كەلگۈدەك ئىش بولسا قاراپ تۇرماڭلار، ھەراست، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە كېلىپ قىلغان تۇنجى ئىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار، ئۆزىگە ئۆي سېلىشتىن ئاۋال، مەسچىت سالدى،نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مۇسۇلمانلار رايونىدىكى ئەڭ مۇھىم قۇرۇلۇش مەسچىتتۇر، نېمە ئۈچۈن؟چۈنكى نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇغان ياخشىدۇر!



ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

## ※ پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى ※

سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم مېنى تونۇيسلەر، مەن ھەسەن ئىبنى ئەلى بولىمەن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئامراق قىزى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ ئوغلىمەن، مېنىڭدىن بىر ياش پەرقلىنىدىغان ئىنىم بار، ئۇ بولسىمۇ ھۈسەيىن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك نەسلى ئىنىم ئىككىمىز بىلەن داۋام قىلاتتى، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى پەرزەنتلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ نەسلى «شەرىف» ئىسمى بىلەن ئەسلىنىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى بولۇش بىزگە بېرىلگەن ئەڭ كاتتا نېئمەتلەردىن بىرى ئىدى، پەيغەمبىرىمىز زامانىدا بىز بەكلا كىچىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، تولىمۇ ئەپسۇس كۆپ ئىشلارنى ئەسلىيەلمەيمەن.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى سۆيۈملۈك بوۋام ۋاپات بولغاندا مەن يەتتە ياشتا ئىدىم. دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دادىلارنىڭ ، بوۋىلارنىڭ سەردارى بولغان بوۋامدىن ئايرىلىش ئازابى خېلى بىر ۋاقىتقىچە بىزنى قىينىدى.

سىلەرگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە ئېسىمدە قالغان مەلۇماتلارنى سۆزلەپ بېرەي، پەيغەمبىرىمىز بىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، بەلكىم ھەرقانداق بوۋا نەۋرىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ دېيىشىڭلار مۇمكىن، بوۋىمىز بىزنى سۆيۈپ ھارمايتى، بىزنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىڭەكلىرىنى يۈزىمىزگە سۈركەيتى،بەزىدە بىزنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ «ئات» بوپ بېرەتتى، تەلەپلىرىمىزنى يەردە قالدۇرماي ئورۇنداپ بېرەتتى، ئەلۋەتتە بىزمۇ يولسىز تەلەپلەرنى قويمايتۇق.

مېنىڭ تازا ئېسىمدە قالمىغانىكەن ، ئەمما ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېيىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەسچىتتە، مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ساھابىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقانىكەن، سۆھبەت داۋامىدا پەيغەمبىرىمىز بىر قانچە قېتىم مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ جامائەتكە :« ھەقىقەتەن، مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن» دەپتۇ.



يەنە بىر قېتىم ، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقانىكەن، ئۇ سەجدىگە باش قويىشىغا مەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يامىشۋالدىم، پەيغەمبىرىمىز ماڭا قىلچىمۇ ۋايسىمىدى، ئەكسىچە نامىزىنىمۇ بۇزماي شۇ پەدىسىدە ئورنىدىن تۇردى.

سۆيۈملۈك بوۋام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇغاندىمۇ دائىملا كەپسىزلىك قىلىپ ئۇ سەجدىگە ئېگىشكەن هامان دۈمبىسىگە مىنىۋالاتتىم،پەيغەمبىرىمىز قىلچە كايىماستىن، نامىزىنى داۋام قىلاتتى ۋە نامىزىنى ئوقۇپ بوپ ئىنىم ئىككىمىزنى مۈرىسىگە مىندۈرۈپ ئايلاندۇراتتى، بۇ گۈزەل ئەسلىمىلەر ھېلىھەم ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بەزىدە بىزنى

قۇچىغا ئولتۇرغۇزىۋىلىپ:«مېنى ياخشى كۆرگەن كىشى بۇ ئىككىسىنىمۇ ياخشى كۆرگەي» دەپ دۇئا قىلاتتى.(بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا سەھى سەنەدى بىلەن رىۋايەت قىلغان.)



يەنە بىر ساھابىنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنى مىنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ ئوينىتىۋاتقاندا بىر ساھابى بۇنى كۆرۈپ :« ئەي بالا مېنىۋالغىنىڭ نېمانچە گۈزەل»دەپتۇ ،پەيغەمبىرىمىزمۇ جاۋابەن :« ھەقىقەتەن مىنگۈچىمۇ بەك گۈزەلدۇر» دەپتۇ.

ئاتام ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە: بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قاپتۇ، ئېنىم ئىككىمىز ئۇخلاپ قالغانىكەنمىز، يېرىم كېچىدە ئۇسساپ كېتىپ ئويغانسام، سۆيۈملۈك بوۋام پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ سۇ ئەكىلىپ بېرىپتۇ،دەل شۇ پەيتتە ئىنىم

ھۇسەيىنمۇ «سۇ» دەپ ئويغىنىپ ئۇ سۇغا قولىنى تەڭلىگەندە، پەيغەمبىرىمىز سۇنى ئۇنىڭغا بەرمەي ماڭا بېرىپتۇ، ئانام ھەيران بولۇپ :


-ئەي رەسۇلۇللاھ، نەۋرىڭىز ھەسەننى بەكرەك ياخشى كۆرىدىكەنسىز-دە، دەپ سوراپتۇ.

پەيغەمبىرىمىز جاۋاپ بېرىپ:

-ھەسەننى بەكرەك ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن ئەمەس، سۇنى ئاۋال ھەسەن ئىستىگەنلىكى ئۈچۈن دەپتۇ.

بوۋام بىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ئىنىم ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا ئەزەلدىن ئايرىمچىلىق قىلمايتى.

ئەزىز دوستلار، بىز ئۇ چاغدا كىچىك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بەزىبىر خاتالىقلارنى ھەم سادىر قىلىپ قويغانىكەنمىز، مەسلەن: پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ دىققىتىنى چېچىپتىمىز، شۇنداق بولسىمۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم بىزگە خاپا بولمىغان بىزنى ئەيىپلىمىگەن ئىكەن، ئەمما سىلەر ئاتا-ئاناڭلارنىڭ نامىزىنى بۇزماڭلار،دىققىتىنى چاچماڭلار، ئۇلارنى چاقىرماڭلار، ئالدىدىن ئۆتمەڭلار، ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈش ياخشى ئىش ئەمەس، ناۋادا سىلەردىنمۇ كىچىك ئۇكىلىرىڭلار سىلەر ناماز ئوقۇۋاتقاندا يېنىڭلارغا كېلىۋالسا،سىلەرنى ئويناشقا چاقىرسا ئۇلارغا قوپاللىق قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار.



# ھەزرىتى ھۈسەيىن

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

※ كىچىك پالۋان ※

مەن ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى، ھەسەننىڭ ئىنىسى يەنى ھەزرىتى فاتىمەنىڭ كىچىك ئوغلى، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ كىچىك نەۋرىسى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا مەن ئالتە ياشتا ئىدىم.

پەيغەمبىرىمىز توغرىسىدا مېنىڭ ئېسىمدا قالغىنىمۇ شۇ باللىلىق چاغلىرىمدىكى ۋەقەلىكلەردۇر، چوڭ بولغىنىمدا بولسا ئىسلام تارىخىنىڭ ئېچىنىشلىق بەتلىرىگە «كەربالا شېھىدى» دەپ يېزىلدىم، مېنىڭ باللىرىم بىلەن داۋام قىلغان نەسلىم «سەئىد» دېيىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئۆتكەن ئۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى سىلەر بىلەن ئورتاقلىششىمنى خالايسىلەرغۇ دەيمەن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا مەن نادانلىقىم، كىچىكلىكىم تۈپەيلى جىق كەپسىزلىكلەرنى قىلاتتىم.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ( ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە : بىر كۈنى ئاكام ھەسەن بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈمبىسىگە مىنىۋاپتۇق، ساھابىلەر بىزنى توسماقچى بولغاندا پەيغەمبىرىمىز نامىزنى بۇزماستىن ئۇلارنى شەرەتلەپ توختىپ قويۇپ نامىزنى داۋام قىلىپتۇ ۋە نامازدىن كېيىن بىزنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، ساھابىلەرگە :« ئاراڭلاردىن كىمكى مېنى ياخشى كۆرسە، بۇ ئىككىسىنىمۇ ياخشى كۆرسۇن» دېگەنىكەن.

بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر ھەدىسنى ھەزرىتى ئەنەس رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا بىز ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالغانىدۇق، بىز ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن چۈشكىچە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇزۇن سەجدە قىلاتتى. ئەتراپتىكىلەر : «ئەي رەسۇلۇللاھ! سەجدىنىنى ئۇزۇن قىلىۋىدىڭىز ئەنسىرەپ كەتتۇق» دېگەندە،پەيغەمبىرىمىز :« نەۋرىلىرىم دۈمبەمگە چىقىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دېدىم» دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئاكام ھەسەن بىلەن بىرلىكتە مەسچىتكە باردۇق، ئىسمىدە قىلىشىچە ئۇ جۈمە كۈنى ياكى ھېيت كۈنى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى، بىزنىڭ ئۇن چىقارماي مەسچىتكە كەلگىنىمىزنى كۆرگەن سۆيۈملۈك بوۋىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام خۇتبىسىنى توختىتىپ مۇنبەردىن چۈشۈپ بىزنى قۇچاقلاپ باغرىغا بېسىپ جامائەتكە: -ئاللاھۇ تەئالا بىر ئايىتىدە :« سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر ،ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ساۋاب بار»(تەغابۇن سۈرىسى 15-ئايەت) دېگەن، رەببىمىز نېمىدىگەن توغرا دېگەن ھە، ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتالماي، مۇنبەردىن چۈشۈپ ئالدىغا كەلدىم، دېدى ۋە خۇتبىسىنى داۋام قىلدى.

پەيغەمبىرىمىزگە مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئەسلىمە ئېسىمگە كېلىپ قالدى:



پەيغەمبىرىمىزنى بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا چاقىرغانىكەن، يولدا ساھابىلەر بىلەن كېتىۋېتىپ مېنى كۆردى، مەن قوللىرىمنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ قوللىرىنى ئېچىپ مەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مەن تۇيۇقسىز يۆنىلىشىمنى ئۆزگەرتىپ باشقا تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدىم، بوۋام بىلەن قوغلاشماق ئويىنىدىم،

بوۋامۇ ئويۇنۇمغا ماسلىشىپ بەردى، ئەمما بۇ ئويۇن ئۇزۇن داۋام قىلمىدى، ئاخىرىدا بوۋام مېنى تۇتىۋېلىپ باغرىغا بېسىپ :« ھۆسەيىن مەندىن، مەن ھەم ھۆسەيىندىن»دېدى.

ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر كۈنى بوۋام مېنى ئاكام بىلەن مۇسابىقىلەشتۇردى، بوۋام ئاكام تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، بۇنى كۆرگەن ئانام:« ئەي، رەسۇلۇللاھ، ھەمىشە ھەسەن تەرەپتە تۇرىسىز، ھۆسەيىن ئۇنىڭدىن كىچىك تۇرسا؟» دېدى.پەيغەمبىرىمىز :« كۆرمەيۋاتامسىز فاتىمە، جىبرىئىل ئەلەيھىسسەلامۇ ھۆسەيىن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بېرىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەزىز قېرىنداشلار!

ئاكام ۋە مېنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ ئازابلىق ئىش پەيغەمبىرىمىز بىلەن چوڭ بولغىچە بىللە بولالمىغانلىقىمىزدۇر. ھايات ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ بىللە بولالمىدۇق، ئۇ مۇبارەك زات ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچىگە ئېگە بولالمىدۇق. پەيغەمبىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى تونۇشنىڭ بىر يولى بار، بىز دائىم پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە ئېنىق ھەم مول چۈشەنچىگە ئېگە بولغان چوڭلارنىڭ دەپ بەرگەنلىرى بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى تونىدۇق.



# ھەزرىتى ئۇمامە

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

## ※ھەممىگە ياققان يېتىم قىز※

ئىسمىم ئۇمامە،مەن شىھتلەرنىڭ بۈيۈكى دېگەن نام بىلەن شەرەپلەنگەن ھەزرىتى ھەمزەنىڭ قىزى بولىمەن، ئاتام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا بىز مەككىدە قالغاندۇق، كۆڭلىرىمىز قېيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى،ئاتام ھەمزە ئۇھۇد جېڭىدە شېھىد بولۇپ بىز يېتىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز تېخىمۇ تەسلىشىپ كەتتى.

يېتىم قېلىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشرىكلەر ئارىسىدا قېلىشنىڭ ئازابىنى بەلكىم ھېس قىلالماسلىقىڭلار مۇمكىن. مەككىدە بۇتلارغا چوقۇنۇپ ياشايدىغان بىر ئاتا ئۈچۈن ئەڭ نۇمۇسلۇق ئىش قىز پەرزەنتلىك بولۇپ قېلىش ئىدى، بۇ «گۇناھكار» قىز بوۋاقلار كۆپ ئۆتمەيلا تىرىك ھالدا كۆمۈۋېتىلەتتى، بىز قىز باللار پەقەت ئىسلامدىن كېيىن ئاندىن ئىنسانىي ھۆرمەت بىلەن شەرەپلىنەلىدۇق.

ئەمدى سىلەر مېنىڭ ھالىمنى بىر ئويلاپ بېقىڭلار، بۇتقا چوقۇنىدىغان ئىنسانلار بىلەن تولغان بۇ شەھەردە يېتىم بولۇپ قالدىم، مېنىڭ قانداق ئېغىر سىناقلار ۋە كۆلپەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ يېتەلەرسىلەرمۇ؟

مەككىدە مىڭبىر مۇشەققەت ئىچىدە ياشاۋاتقان كۆڭلىرىمىزنىڭ بىرىدە شەھرىمىزگە مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمى تەگدى، پەيغەمبىرىمىز مەككە ئەھلى بىلەن سۈلھى تۈزۈشكەنىدى، مەككىلىكلەر ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە ئۈچ كۈن ئىجازەت بەرگەنىكەن. ھەممىمىز خۇشاللىقتا چۆمدۇق، ئەپسۇس بۇ خۇشاللىقتا تولغان ئۈچ كۈن تېزلا تۈگەپ مۇسۇلمانلار مەككىدىن ئايرىلىشتى.

دەرتلەرگە داۋا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ تارتقان كۆلپەتلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئېيتىپ مېنى بۇيەردىن ئېلىپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈش قارارىغا كەلدىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز شەھەردىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، تۆگىسىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ :« تاغا! تاغا!» دەپ چاقىردىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ توختاپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە :« ئۇمامە نېمە بولدى؟» دېدى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇ كۈلۈمسىرىگەن چىھرىنى كۆرۈپلا ھاياجاندىن دېمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قالدىم، پەقەتلا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ :« تاغا، مېنى قويۇپ كېتەمسىز؟» دېدىم.

ئانام، دادام ئۇنىڭغا پىدا بولسۇن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۆزلىرىمدىن سىرغىۋاتقان ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، قولۇمدىن تۇتتى ۋە مېنى قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆگىسىگە مىنگەشتۈرۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كەتتى.

مەدىنىدە مېنى تولىمۇ ھاياجانلىق ئىشلار كۈتىۋالدى، ئاتام ھەزرىتى ھەمزە پۈتۈن مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلىدىكەن، شۇ سەۋەپ مەدىنە خەلقى مېنى شەپقەت ۋە مۇھەببەت بىلەن باغرىغا باستى، بۇنداق بولىشىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىلىك مۇسۇلمانلار بىلەن مەككىلىك مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرىگە قېرىنداش قىلىپ قويغانىدى،ماڭا ھامىيلىق قىلىۋاتقان ھەزرىتى زەيد، پەيغەمبىرىمىزگە :

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ھەمزە مېنىڭ قېرىندىشىم، ئۇنىڭ قىزىغا ئېگە بولۇش مېنىڭ ۋەزىپەم،- دېدى.

- تاغام ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى بولسا ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

- -ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇمامە مېنىڭ تاغام ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قىزى، ئۇنىڭغا كۆز- قۇلاق بولۇش مېنىڭ بۇرچۇم،-دېدى.



ھەزرىتى ئەلىنىڭ قېرىندىشى ھەزرىتى جەئفەر بۇنىڭغا قوشۇلماي:«مەن ئۇمامەنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىمەن ، ھەم مېنىڭ ھەمراھىم ئەسما بىنتى ئۇمەيس ئۇمامەنىڭ ھامىسىدۇر ، ھاما دېمەك ئانا دېمەكتۇر ،شۇڭا ئۇمامەگە ھامىي بولۇش مېنىڭ ۋەزىپەم» دېدى.

مەن كۆزلىرىمگە ۋە قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي قېلىۋاتاتتىم ، مۇشرىك ئاتىلار ئۆز قىزىغا رەھىم قىلماي تىرىك ھالدا كۆمۈۋېتىۋاتىدۇيۇ ، مۇسۇلمانلار بىر يېتىم قىزنى بېقىشنى تالىشىۋاتىدۇ. بۆلۈشەلمەيۋاتقان قىممەتلىك بىر خەزىنىگە ئوخشاپ قالغانىدىم.

ئاخىرىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە مۇۋاپىق سۆزلەر ۋە تەسەللىيلەرنى بېرىپ كۆڭلىنى ئالغاندىن كېيىن مېنى تاغامنىڭ ئوغلى ۋە ھاممامنىڭ يولدىشى بولغان ھەزرىتى جەئفەرگە تاپشۇرۇپ بەردى،ھەزرىتى جەئفەرنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن ، خۇشاللىقتىن كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ كەتكەنىدى.



قەدىرلىك قېرىنداشلار! ئەزىز دوستلار !

پەيغەمبىرىمىز ھاياتىمدا بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھاسىل قىلدى، مەككە مۇشرىكلىرى ئارىسىدا ياشاۋاتقىنىمدا قولۇمنى تۇتۇپ مېنى مۇسالمانلار قوينىغا ئېلىپ كىردى. سىلەرگە تەۋسىيەم، سىلەرمۇ قېيىنچىلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان باللارغا مېھىر بىلەن قولۇڭلارنى سۇنۇڭلار ،ئاراڭلارغا ئېلىڭلار، ئۇلارغا ياخشى ياشاش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىڭلار، ياردەم بېرىڭلار، بۇلارغا كۈچۈڭلار يەتمىسە مەھەللەڭلەردىكى، ئەتراپىڭلاردىكى يېتىم باللارنىڭ بېشىنى سىلاپ، قولۇڭلاردىن كېلىدىغانلىكى ياخشىلىقنى ئايىماڭلار، بۇنىمۇ قىلالمىساڭلار دۇئا قىلىپ قويۇڭلار، كۆيۈمچان ۋە رەھىمدىل رەببىمىز يېتىم باللار ئۈچۈن قىلىنغان دۇئانى ئىجابەد قىلىدۇ.



# ھەزرىتى جەمرە

ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن

## ※پەيغەمبىرىمىزنىڭ سوۋغىتى ※

مەن ئىسلام بىلەن شەرەپلەنگەن ئالتىنچى شەخس خالىد ئىبنى سەئىدنىڭ قىزى جەمرە،ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىسلام يېتىپ كەلگەن دەسلەپكى يىللاردا مۇسۇلمانلار مەككىدە كۆپ ئەرزىيەت چەككەنىدى، پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشىغا ئىجازەت بەردى، ئاتامۇ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئىدى. مەن شۇ يەردە تۇغۇلدۇم،مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار مەدىنىدە بىر ئىسلامي بىرلىك ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ھەبشىتاندىكىلەرمۇ مەدىنىگە كەلدۇق، مەدىنە مۇسۇلمانلىرى بىزنى خۇشاللىق بىلەن كۇتىۋالدى، شۇنداق قىلىپ نۇر شەھرى مەدىنىدە يېڭى ھاياتىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

پەيغەمبىرىمىز ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىغان باللاردىن بىرى ئىدىم، بۇنداق دېسەم :«تىنچلىقتۇ، قانداقسىگە سىزنى ئالاھىدە ياخشى كۆرىدىكەن؟» دەپ سورىشىڭلار مۇمكىن، مەن ھەبەشىستاندا تۇغۇلغىنىم ئۈچۈن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ماڭا ئالاھىدە ئامراق ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بارلىق باللارنى ياخشى كۆرگەندىن باشقا ھوزۇرىغا كەلگەن قىز باللارغا باشقىچە مۇھەببەت كۆرستەتتى.

ھېلىھەم ئېسىمدە، كىچىك ۋاقتىمدا بىر كۈنى ئاتام پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھوزۇرىغا بىللە ئېلىپ كىردى،ئۇلار پاراڭلىشىۋاتقاندا مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈزۈكىگە قىزىقىپ ئۇنى ئويناشقا باشلىدىم، ئاتام خىجىل بولۇپ كەتتى ۋە مېنى تەنقىدلەپ توسماقچى بولدى.ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئاتامنى توسۇۋېلىپ :« خالىغىنىچە ئوينىسۇن بولدى توسما؟!» دېدى.

پەيغەمبىرىمىز قىز باللارغا ئامراق ئىدى، نېمىشقا دېيىشىڭىز مۇمكىن، تېخى 10،15 يىل بۇرۇنقى دەۋىردە قىز باللار تىرىك ھالدا كۆمۈۋېتىلەتتى، ئەمما پەيغەمبىرىمىز بولسا

ئۇلارنى ھۆرمەتلىك قىلدى، قىز بالىلارنى ئەتىۋارلىدى، كۆڭۈل بۆلدى. بۇ ئادەتتىكى ئادەملەر قىلالايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.



پەيغەمبىرىمىز بالىلارنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىكى كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلار بىلەنمۇ تەڭ يۈگۈرشۈپ ئوينايتى، بالىلار ئۇ مۇبارەك زاتنى ئورىۋېلىپ :« سىزنى ياخشى كۆرىمىز ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى !» دەپ چۇرقىراشقىنىدا، پەيغەمبىرىمىزمۇ :« ئاللاھ گۇۋاھدۇركى، مەنمۇ سىلەرنى بەك ياخشى كۆرىمەن » دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزگە ئۈستى ئىشلەنگەن چىرايلىق بىر رەخت ھەدىيە قىلىنغانىكەن،ئۇنى ماڭا سوۋغا قىلدى ۋە «سەنە!» دېدى، سەنە ھەبەش تىلىدا چىرايلىق دېگەن مەنىدە ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىيەسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى ئۇنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. ھاياجانلىنىشىم رەختنىڭ چىرايلىق،قىممەتلىك بولغىنى ئۈچۈن ئەمەس پەيغەمبىرىمىزنىڭ مېنى ئەسكە ئېلىپ ماڭا سوۋغا قىلغىنى ئۈچۈن ئىدى.



سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم!

بۇ دۇنيادا سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشتىنمۇ گۈزەل قانداق ئىش بار؟! ئىنسانلارنىڭ بىر- بىرىگە سۆيگۈسىنى ئىپادىلىشى « سېنى ياخشى كۆرىمەن» دېيىشى نېمىدىگەن ياخشى ئىش هە!

پەيغەمبىرىمىزمۇ دائىم :« سىلەرنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن!» دەيتى، ۋە « بىر- بىرىڭلارغا سوۋغا تەقدىم قىلىڭلار، مېھىر ئۆتۈشىدۇ؛ بىر بىرىڭلارنى ياخشى كۆرسەڭلار، ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويۇڭلار ۋە كىچىك بولسىمۇ هەدىيە بېرىشىپ تۇرۇڭلار » دەيتى.



# ھەزرىتى بەشىر

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

※بەختىيار يېتىم※

مەن ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ھەزرىتى ئەقرەبەنىڭ ئوغلى بەشىر، ئەسلىدە ئىسمىم بۇجەيىر ئىدى، پەيغەمبىرىمىز بەشىرگە ئۆزگەرتىپ قويغانىدى. ئاتامدىن ئايرىلغىنىمدا مەن تېخى كىچىك ئىدىم، كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ ئاتامنى سېغىنىپ ھەركۈنى يىغلايتىم.

ھەر ئىشتا بىر خەيىر بار دېيىلگىنىدەك، مەن گەرچە ئاتا مېھرىدىن ئايرىلغان بولسامۇ، جانابىي ھەق سۇبھانەۋەتەئالا ئاتامنى شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە نائىل قىلدى.

يىغلاتقان ئاللاھ مېنى يەنە كۈلدۈردى، ھېكايەمگە قىزىقىۋاتىسىزغۇ دەيمەن، ئۇنداقتا قۇلاق سېلىڭ:

ئاتامدىن ئايرىلىپ كۆپ ئۆتمەي ھېيت يېتىپ كەلدى، بارچە باللارنىڭ چېھرىدە ھېيت خۇشاللىقى، ھەممەيلەن يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ چۇرقىرىشىپ-سەكرەپ ئويناۋاتاتتى، مېنى ھەم ئارىلىرىغا چاقىرىشتى، ئەمما كۆڭلۈم تارتمىدى.

ئاتامنىڭ شېھىد بولۇشى بىلەن ئائىلىمىزنىڭ ئەھۋالى ناچارلىشىپ، ئانام قايتا نىكاھلانغانىدى، ئۆگەي دادامنىڭ مەن بىلەن تازا خوشى چىقمىدى. بۇ ئىشلار تۈپەيلى ئازابلىنىۋاتقان مۇشتۇمدەك بۇ يۈرىكىمنىڭ ئويۇنغا مەيلى يوق ئىدى.

بىر بۇلۇڭدا تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىم، ئاتامسىز ئۆتكەن بۇ ھېيت ئېلىپ كەلگەن ئازابنى ئىچىمگە پاتۇرالماي ئۆكسۈپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقىنىمدا بىرەيلەن ئۇدۇلۇمدا توختىدى.بېشىمنى كۆتۈرسەم سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم، پەيغەمبىرىمىز :« نېمە بولدۇڭ، بۇ ھېيت كۈنىدە نېمىگە يىغلاۋاتىسەن ئوغلۇم، نېمىشقا باشقا باللار بىلەن ئوينىمىدىڭ؟» دەپ سورىدى.

يىغلىغىنىمچە :« ئاتام، ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولدى ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئانام ۋە ئۆگەي دادامنىڭ مەن بىلەن كارى بولمىدى» دېدىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز شەپقەت بىلەن بېشىمنى سىيلاپ :« مەن سېنىڭ ئاتاڭ بولسام، ئائىشە ئاناڭ بولسا، فاتىمە ئاچاڭ بولسا، ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەر قېرىندىشىڭ بولسا قوشۇلامسەن؟» دېدى.ھاياجانلانغىنىمدىن :«قوشۇلماسمەنمۇ ئەي پەيغەمبىرىم، ئانام،دادام سىزگە پىدا بولسۇن، جان دەپ رازى بولىمەن » دېدىم.

پەيغەمبىرىمىز كۈلۈمسىرىگىنىچە بىشىمنى سىيلاپ مېنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى ۋە يېڭى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ چاچلىرىمنى چىرايلىق تاراپ قويدى، خۇشاللىق بىلەن سىرتقا چىقتىم.

دوستلىرىممۇ يۈگۈرۈشۈپ ئالدىمغا كەلدى، نېمە ئىش بولغىنىنى سوراشتى.



بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن مەدىنىدىكى ھەممە كىچىك باللار ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراشتى، ھەتتا ئارىدىن بىرى :« كاشكى، مېنىڭ دادامۇ ئوھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولسىچۇ، مەنمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئائىلىسىگە كىرەلگەن بولسام » دېدى.

كېيىنكى ھاياتىمدا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيسىلەر بەلكىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قولى تەگكەن چاچلىرىم ئاقارماي قاپقارا تۇردى، باشقا چاچلىرىم ئاقىرىپ كەتتى.

سۆيۈملۈك قېرىنداشلار، ئەزىز دوستلار!

ئاتامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن شۇنچىلىك ئازابلانغانىدىمكى بۇ ھاياتىمدا ئەمدى ماڭا خۇشاللىق ۋە كۈلكە نېسىپ بولمايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم،بىر ھېيت تەنتەنىسىمۇ خۇش قىلالمىغان ، كۈلدۈرەلمىگەن يۈزۈم پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتى بىلەن كۈلدى ۋە بارلىق سىقىنتى ۋە ئازابلاردىن خالاس بولدۇم.

سىلەرگە شۇنى ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، ئاتا-ئانىسىز ھېيت ھېيت ئەمەس، بۇنى پەقەت باشتىن ئۆتكۈزۈپ باققانلارلا بىلىدۇ، خالىساڭلار بىرەر ھېيت كۈنى يېتىم بالىلارنى يوقلاپ، ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ بېقىڭلار، ئۇلارنىڭ سەبىي قەلبىنى چۈشۈنۈشكە تىرىشىپ بېقىڭلار، بىر يېتىم بالىنى خۇش قىلىش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن ھەم كېلىدۇ.



# ھەزرىتى فازىل

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

## ※پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىپپەت دەرسى※

مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئاببىاسنىڭ ئوغلى، يەنى مەنمۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىرى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر تۆگىگە مىنگەنىدىم، شۇ سەۋەب مېنى «رەدىفۇر رەسۇل» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

بىر كۈنى، پەيغەمبىرىمىز بىر مېھماندارچىلىققا چاقىرىلغانىدى، ئاتام ئىككىمىز پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە باردۇق، سۆھبەتتە پەيغەمبىرىمىز دىنىمىز ھەققىدە سۆزلىدى، ھەممەيلەن بېشىغا قۇش قونسىمۇ ئۇركۈتىۋەتمىگىدەك دەرىجىدە جىمجىت تىڭشاپ ئولتۇراتتى. سۆھبەت ئاياغلىشىپ، ھەممەيلەن كۆڭلىدە :« يەنە بىردەم داۋام قىلغان بولسىچۇ؟» دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرغاندا پەيغەمبىرىمىزگە ئۇسسۇزلۇق ئەكىلىشتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر نەرسە ئىچسە، ئۇنى ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ سۇنىدىغان ئادىتى بار ئىدى، بىسمىللاھ دەپ ئالللاھنىڭ نامى بىلەن باشلاپ بىر ئىككى يۇتۇم ئىچىۋالغاندىن كېيىن ئەتراپىدىكىلەرگە بەرمەكچى بولۇپ ئوڭ-سولىغا قارىدى، ئوڭ تەرىپىدە مەن ئولتۇرغانىدىم، ئەمدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ئاغزى تەگكەن يەردىن مەن ئىچىدىغان بولدۇم دەپ ھاياجانلىنىپ كەتتىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سول تەرىپىدە ۋە مېنىڭ يېنىمدا بولسا باشقا ھۆرمەتكە سازاۋەر ساھابىلەر بار ئىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دەپ،مەندىن مۇلايىملىق بىلەن :« ئوغلۇم، ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ، سەندىن ئاۋال چوڭلارغا بەرسەم،بولامدۇ؟» دەپ سورىدى.

ئەگەر باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان بولسام، پەيغەمبىرىمىزنىڭ لىۋى تەگكەن يەردىن ئىچىش شەرىپىدىن مەھرۇم قالاتتىم، بۇنداق پۇرسەت ئىككىنچىلەپ يا كېلەتتى يا كەلمەيتى.شۇڭا بۇ تەكلىپنى سىپلىق ھالدا رەت قىلىپ:« رۇخسەت قىلالمايمەن، ئەي

رەسۇلۇللاھ، سىزدىن ماڭا بېرىلىدىغان بۇ شەرەپنى ھېچكىمگە بەرگىم يوق، ئەگەر رازى بولسىڭىز مەن نۆۋىتىمدە ئاۋال ئىچسەم» دېدىم.




مېنىڭ بۇ جاۋابىم، بۇ تاللىشىمنى باشقىلارمۇ تەرىپلەپ بېشىمنى سىيلاشتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارنى ئالدىن ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشنى ئويلاشقىنىغا ھەم رەھمەت ئېيىتتى.پەيغەمبىرىمىزمۇ كۇلۇمسىرىگىنىچە قولىدىكى قاچىنى ماڭا سۇندى.

پەيغەمبىرىمىز مېنى تەرىپلەپلا ئۆتكەن ئەمەس، يەنە تەنقىدلىگەن ۋاقىتلىرىمۇ بولغان، بىر قېتىم قاملاشمىغان بىر ئىشىم ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز تەنقىدلىگەنىدى، خۇلاسىلىسەم، پەيغەمبىرىمىز باللار ئارىسىدىكى بىرەر ياخشى، ئىش-ھەركەتنى ئاڭلىسا ئۇنى ماختايتى ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، خاتالىقلىرىمىزنى بىلسە ھەم تەنقىد ۋە تەكلىپ-پىكىرلەرنى بېرەتتى.


ۋىدالىشىش ھەجىدە ئاللاھنىڭ ئەلچىسى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر تۆگىگە مىنگەنلىكىمنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدىم، شۇ چاغدا كېتىۋاتقىنىمىزدا بىر ياش خانىم يېتىشىپ كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن بىر قانچە سۇئال سورىدى، پەيغەمبىرىمىز ئۇ خانىمغا

قارىماي تۇرۇپ جاۋاپ بەردى، ئەمما مېنىڭ كۆزۈم ئۇ خانىمنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالدى، ئۇ چاغدا مەن بالاغەتكە يېتىش باسقۇچىدا ئىدىم، مېنىڭ ئۇ ئايالغا قاراۋاتقىنىمنى سىزىپ قالغان پەيغەمبىرىمىز بېشىمنى قولى بىلەن باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى، دىققەتسىزلىكتىنلا سادىر قىلىپ سالغان بۇ ئىشىمدىن شۇنداق خىجىل بولدۇم ۋە پۇشايمان قىلدىم،پەيغەمبىرىمىزنى ھەم بىئارام قىلغىنىمدىن ئۆكۈندۇم.



سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم!

مەيلى قىز ياكى ئەركەك بولۇڭ رەببىمىز بىزدىن ھەر ۋاقىت ھايالىق، ئىپپەتلىك بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ،ھەدە-سىڭىللىرىڭلارغا،ئانا ۋە ھاماڭلارغا بىگانە نىگاھلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمىغان ئىكەنسىلەر، ئۇنداقتا سىلەر ھەم نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىماڭلار، ئاللاھۇ سۇبھانەۋەتەئالا نۇر سۈرىسىنىڭ 30-ئايىتىدە مۇندا دېگەن :« مۆئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى زىنادىن ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن تولۇق خەۋەردار»



# ھەزرىتى ئابدۇللاھ

ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن

※جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن بالا※

ئەزىز دوستلار، مېنىڭ ئىسمىم   ئابدۇللاھ،پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ ئوغلىمەن،يەنى فازىلنىڭ ئىنىسى بولىمەن، ئانام ئۇممۇ فازىل ئىسلامنى دەسلەپتە قوبۇل قىلغان ئاياللاردىندۇر. مەن تۇغۇلغاندا ئاتام مېنى كۆتۈرۈپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىپتۇ، پەيغەمبىرىمىز مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ :« ئەي ئاللاھىم،ئۇنى دىن ئۆلىمالىرىدىن قىلغايسىز، قۇرئان كەرىمنى مەنىسى بىلەن ئۆگىنىشكە نېسىپ قىلغايسىز» دەپ دۇئا قىلغانىكەن، كېيىنمۇ پەيغەمبىرىمىز مېنى كۆرسىلا دۇئا قىلىپ :« رەببىم، ئادەم بالىسىغا ئاتا قىلغان بارلىق ئىلىم ۋە ھېكمەتنى بۇ بالىغا ئۆگەتكەيسىز» دەيتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئالىرى سايىسىدا مەن چوڭ بولغاندا مەشھۇر بىر ئىسلام ئالىمى بولدۇم.

بالىلىق دەۋرىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا ئۆتتى، ئۇ مۇبارەك زاتتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى مەيمۇنە مېنىڭ هامام بولغانلىقى ئۈچۈن خالىغان ۋاقتىمدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كىلەلەيتىم ۋە سۆھبەتلىشەلەيتىم. بەزىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە كېچىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيتتۇق، ئۇنداق كېچىلەرنىڭ ھوزۇرىنى تەرىپلەپ بېرەلمەيمەن، بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇۋاتقاندا كىرىپ كەينىگە ئۆتۈپ سول تەرىپىدە ناماز ئوقۇشقا باشلىدىم، بىر چاغدا پەيغەمبىرىمىز قولى بىلەن بېشىمدىن يېنىك ئىتتىرىپ ئوڭ تەرىپىگە تۇرغۇزۇپ قويدى، نامىزىمىزنى شۇنداق داۋام قىلدۇق.

بىر كۈنى، ئاتام ھەزرىتى ئابباس بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى يوقلاپ باردۇق، ئەمما پەيغەمبىرىمىز بىر بىلەن كارى بولماي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.  ئاتام :« پەيغەمبىرىمىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويدۇقمۇ يا، نېمىشقا بىز بىلەن كارى بولمايدىغاندۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكىشكە باشلىدى.

-ئاتا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا باشقا بىرەيلەن بارئىكەن،  شۇ زاتنىڭ گەپلىرىنى تىڭشاپ باش لىڭشىتىۋاتىدۇ،شۇ سەۋەب بىزگە قارىيالمىغاندۇ،دېدىم.

ئاتام ھەيرانلىقتىن:« قايسى ئادەمنى دەيسەن، پەيغەمبىرىمىز ئۆزى يالغۇزكەنغۇ» دېدى.



مەن بولسام بىرەيلەننى ئېنىقلا كۆرىۋاتاتتىم، مەنمۇ پىكرىمدە چىڭ تۇردۇم.

بىز قايتىدىغان ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز مەندىن :« ئابدۇللاھ، سەن مېنىڭ يېنىمدىكى زاتنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى.


-ھەئە، ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، كۆردۈم، ئەمما نىمە دېگىنىنى تازا بىلەلمىدىم.

-ئوغلۇم، ئۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن ؟

-ياق بىلمەيدىكەنمەن، پەيغەمبىرىم، ئۇ كىشىنى ھېچ بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.

- باياتىن يېنىمدا ئولتۇرغان ئۇ زات جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئىدى.

بۇنداق جاۋاب چىقىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدىم، ئاتام ئىككىلىمىز ھەيرانلىقتىن ۋە ھاياجاندىن ئېسىمىزنى يوقاتتۇق،پەيغەمبىرىمىز ماڭا يەنە بىر قېتىم خەيرلىك دۇئالارنى قىلدى.



ئەزىز قېرىنداشلىرىم!

مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇئاسىنىڭ كۆچى بىلەن بۈيۈك ئىسلام ئالىمى بولالىدىم،ئەسلىدە سىلەرمۇ تىرىشساڭلارلا ئالىم بولماق مۈشكۈل ئەمەس ، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسىدۇر. ئىلىم تۈگىمەس بايلىقتۇر،شۇنداق ئەمەسمۇ؟ پەيغەمبىرىمىز مىراس قالدۇرغان ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىملىرى بولسا خەزىنىلەرنىڭ ئەڭ قىممەتلىكىدۇر. سىلەرمۇ بۇ خەزىنىگە ئېرىشنى خالامسىلەر؟ ئۇنداقتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئالىملارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار ، ئۇلارنىڭ ئىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىشقا تىرىشىڭلار.

